# روزىدارنىڭ ئايالىنىڭ بوينىغا گىرە سىلىپ قۇچاقلىشى توغرىسىدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2013 - 1434

IslamHouse.com

# معانقة الرجل زوجته وهو صائم

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2013 - 1434

IslamHouse.com

# روزىدارنىڭ ئايالىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلىشى توغرىسىدا

14315-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن يېقىندا نىكاھلاندىم، كۆڭلۈمگە كەلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىمەن، مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، روزا تۇتتۇم، بەزى ۋاقىتتا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتتا ياتىمەن، بەزى ئايالىم يېنىمدا مەن بىلەن بىرگە ياتىدۇ، مەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلايمەن، بۇنداق قىلىش روزىنى بۇزامدۇ؟ مەن ئۇچۇن قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ۋە دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمان روزىسىنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشى لازىم بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، جىمادىن بولغان شەھۋىتىنى تەرك قىلغانلىقىغا ئاساسەن ئاللاھ تالادىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىشى كېرەك.

رامىزاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ تائامى، شارابى ۋە جىنسى شەھۋىتىنى مەن ئۈچۈن تەرك قىلىدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى 1761-ھەدىس].

ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنى تۇتالىسا، نەپسىنى كونترول قىلالىسا، مەنىي چىقىش ياكى جىماغا چۈشۈپ قىلىش قاتارلىق روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىسا، شۇنىڭدەك مەزى چىقىش ئارقىلىقمۇ روزىنىڭ ساۋابى كېمىيىپ كېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالىسا، ئۇنداق ھالەتتە ئايالى بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئويناشسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىز بىلەن رامىزاندا ئوينىشاتتى، ئەمما

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆز نەپسىگە يەنى شەھۋىتىگە ئىگە بولالايتتى.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇلللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇپ، ئايالىنى سۆيۈپ قويۇشى، ئوينىشىشى ۋە قۇچاقلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ۋە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامۇ روزىدار ھالەتتە ئاياللىرىنى قۇچاقلايتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى.

ئەمما شەھۋىتى غالىب كېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي، چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. شۇنداق ھالەتتە سپېرما چىقىپ كەتسە، كەچكىچە روزا تۇتىدۇ، كېيىن بۇ كۈنىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا كاپارەت كەلمەيدۇ.

ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا، رامىزاندا ئەر ئايالى بىلەن ئوينىشىپ مەزى چىقىپ قالسا، روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى

ئەسلى مەقسەت سالامەت بولۇش، روزىنى بۇزىۋەتمەسلىكتۇر. بۇنىڭدىن ساقلىنىش بەك قىيىن.

شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى 4-توم 202-بەت.

ئاللاھ تائالا توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.